# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئاياللارنىڭ
# تۆھپىسى، رولى ۋە ئورنى




نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى )


( 3 توملۇق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى»دىن پارچە )

بۇ ئەسەرنى تارىختىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە بارلىق ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ھەم ھازىرمۇ جازا لاگېرلىرىدا ھۆرلۈككە تەلپۈنۈۋاتقان مىليونلىغان خانىم-قىزلارغا بېغىشلايمەن


ۋاشىنگتون

2018-يىلى، 11-ئاينىڭ 2-كۈنى

20- ئەسىردە ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىرگە  مىللىي مۇستەقىللىق ، ئازادلىق  ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ ، 1933- يىلى ۋە 1944- يىلى 12- نويابىر كۈنلىرى  ئىككى قېتىم  شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇردى.

گەرچە ، بىرىنچى جۇمھۇرىيەت بەك  قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ ،پاجىئەلىك يىقىتىلىپ ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان  بولسىمۇ ، بىراق   ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىك ،دۆلەتچىلىك   روھى تېخىمۇ كۈچىيىپ  ئىككىنچىسىگە ، يەنى 1944- يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە غايە- نىشان ئورتاقلىقى بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھالدا مىراس بولۇپ قالغان ئىدى.

1944- يىلى ،7- نويابىر كۈنى پارتلىغان  غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى سۈپىتىدە ، شۇ يىلى 12- نويابىر كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى ، كۈچىيىشى ۋە مەۋجۇت بولۇش ۋە ئاخىرلىشىشىدىن ئىبارەت ئىلگىرى- كېيىن بەش يىللىق مۇساپىسىدە  ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ باسقۇچى ۋە  ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش جەريانىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر ۋە خەلقئارالىق ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلەر ھەم ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشلارغا دۇچ كەلدى.  ۋەھالەنكى ، ئەنە شۇنداق شارائىتلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇكەممەل مۇنتىزىم ۋە زامانىۋى مىللىي ئارمىيەسىنى بەرپا قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ئۆزىدىن كۆپ ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ، مۇنتىزىم خىتاي گومىنداڭ  ، يەنى  "خىتاي دۆلەت ئارمىيىسى" بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، ئۇنى  تارمار قىلسا ۋە ئىسكەنجىگە ئالسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۇردى ۋە  راۋاجلاندۇردى ، شۇنىڭدەك  خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ  ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىپ يوقىتىش ، مىللىي زىددىيەت ۋە ئىچكى توقۇنۇش چىقىرىپ پارچىلاپ يوقىتىش نەيرەڭلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ   مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇدرەت تېپىشىدا ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىگە خاس بولغان بارلىق ئىلغار قانۇن- تۈزۈملەرنى يولغا قويىدى ،ھاكىمىيەت ، مەدەنىيەت ، جەمئىيەت   ۋە مائارىپ ،سودا ۋە ئىقتىساد   باشقۇرۇش تۈزۈملىرى   ئورناتتى شۇنىڭدەك   دىنىي ۋە مىللىي   سىياسەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك  يۈرگۈزدى.

ئەنە شۇ ھاكىمىيەتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ، مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇدرەت تېپىشى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن   بىر سەپتە ، بىر غايىدە بولۇپ   ئازادلىققا ئىنتىلگەن ھەر مىللەتنىڭ   ئورتاق كۈرىشىنىڭ

نەتىجىسى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە مىڭلىغان خانىم –قىزلار، ئانىلارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر نىيەتتە، بىر مەقسەتتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئەنە شۇ نۇقتىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئازادلىقىنىمۇ باش نىشانىنىڭ بىر قىسمى قىلدى. شۇڭا ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشتىن ئاخىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان ۋە باشقا دىندىكى ھەر مىللەت خانىم- قىزلىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغداپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى تەشەببۇس قىلدى، ھەم خانىم- قىزلارنىڭ ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىششى، قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئاياللارنىڭ دۆلەتنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەيلى جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە بولسۇن ۋە كېيىن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەرىپىدىن بىردەك ئەھمىيەت بېرىلگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى خانىم- قىزلارنىڭ ھەربىي خىزمەتلەرگە قاتنىششى،ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە، جۈملىدىن مائارىپ، سەنئەت، سەھىيە، پۇل- مۇئامىلە،پوچتا- تېلېگراف ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە خىزمەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇ ساھەلەردىكى خانىم- قىزلار تەربىيىلەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەربىيىلەش، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش پۇرستى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بېرىلدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۇيغۇر، رۇس، قازاق، تاتار، ئۆزبېك، شىبە، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت خانىم- قىزلىرىدىن بىر تۈركۈم ھۆكۈمەت كادىرلار قوشۇنى، مىللىي ئارمىيە جەڭچى- ئوفىتسېرلىرى، ئوقۇتقۇچى ۋە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت خادىملىرى يېتىشىپ چىقتى.

ھۆكۈمەت خانىم- قىزلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشى، كەسپىي بىلىملەرنى، تېخنىكا، ھۈنەر- سەنئەت ،تىككۈچىلىك ۋە باشقا تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنى جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن تۈرلۈك شارائىتلارنى، جۈملىدىن تەربىيىلەش مەركەزلىرى، كۇرسلارنى ۋە مەكتەپلەرنى قۇردى.

مەسىلەن، غۇلجا شەھىرىدە خانىم قىزلارنىڭ تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرى، رېشىلىيە، دېرىزە پەردىلىرى ۋە باشقا ئۆي بېزەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى تەشكىللەپ، كۆپلىگەن ياش قىزلار تىككۈچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ۋە مەلۇم كەسپلەرنى ئىگىلىگەن.

تېببي مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، قىزلاردىن مەخسۇس ئاكۇشۇرلار تەربىيىلىنىپ يېتىشتۇرۈلگەن بولۇپ ، ئۇلار ئاياللارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئۆز رولىنى بەلگىلىك جارى قىلدۇردى.

ئومۇمەن ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەرىكىتى جەريانىدا ئاياللار ، جۈملىدىن خانىم —قىزلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ، ئۇلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ، قانۇنىي ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ، شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ دۆلەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دېگۈدەك ئاكتىپ قاتنىشىپ ئۆز روللىرىنى تېگىشلىك جارى قىلدۇرۇشلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن ئىپادىلىنىدۇ ؛

## شەرقىي تۈركىستان خانىم- قىزلار جەمئىيىتى

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى خانىم- قىزلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي- سىياسىي ، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ۋە باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش تۈردە قاتنىشىش ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەخسۇس خانىم —قىزلار جەمئىيىتىنى قۇردى.

خانىم- قىزلار جەمئىيىتى قۇرۇش ئىشلىرىنى جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئۆزى بىۋاستە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم ئىزچىل قوللىغان ئىدى.شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەيئىتى جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ بىۋاستە تەستىقلىشى ھەم تەشەببۇسى ئاستىدا 1946- يىلى ، 1- ئاينىڭ 22- كۈنى 213- نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، خانىم قىزلار جەمئىيىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ جەمئىيەتنى نازارەت قىلىشقا دىنىي نازارەت ۋە مائارىپ نازارىتى بىرلىكتە مەسئۇل بولۇش بەلگىلەندى[1]. 1946- يىلى ، 2- ئاينىڭ 4- كۈنى غۇلجا شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان خانىم قىزلار جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ ، ئەلىخان تۆرىنىڭ قىزى ئەزىز پاشا جەمئىيەت رەئىسى بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دىيارى تارىخىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشقان ۋە ھۆكۈمەت بىۋاستە قوللىغان خانىم- قىزلار جەمئىيىتى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خانىم- قىزلار جەمئىيىتى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىنىپ ، تەشكىلىي جەھەتلەردىن مۇكەممەللەشتۇرۇش ئارقىلىق كېيىن قايتىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزىنىڭ " خانىم —قىزلار " ناملىق ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

شەرقىي تۈركىستان خانىم- قىزلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر قايسى ساھەنىڭ قوللىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن بولۇپ ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف رەئىسلىكىدىكى"شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى"نىڭ ئورگان ژۇرنىلى"كۈرەش"نىڭ 1946- يىللىق 2- 3- ئايلىق قوشما سانىدا مەزكۇر ژۇرنال تەھرىر

[1] جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئىمزاسىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت كېڭىشىنىڭ 213-نومۇرلۇق قارارى.

ھەيئەت ئەزايى ئوسمان زىيام[2] مەخسۇس "8- مارت" خەلقئارا خوتۇن- قىزلار بايرىمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى" ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، ماقالىنىڭ باش قىسمىدا ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان "8- مارت" ئاياللار بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن بىرگە دۇنيادىكى ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت- مائارىپ ۋە باشقا ھەر ساھەلەردە ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان[3]. بولۇپمۇ ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاياللار ئەركىنلىكىگە زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر سوۋېت دۆلىتىنى گىتلېر گېرمانىيەسىدىن قوغداش ئۇرۇشلىرىدا كۆرسەتكەن رولى، دۆلەت ئىدارىلىرى، زاۋۇت- فابرىكىلار، مەدەنىيەت- مائارىپ قاتارلىق ھەر ساھەلەردە ئاياللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى مىساللار بىلەن كۆرسەتتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاياللار ھوقۇقى ۋە بۇ ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بايان قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ۋە باراۋەرلىكىنى قوغداش يولىدا كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى شەرھلەيدۇ ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان " خوتۇن- قىزلار جەمئىيىتى"[4]گە يۇقىرى باھا بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئاياللار ھوقۇقىنىڭ ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىنى شەرھلەپ: " ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرى خىتاي ئىستىبداتلىرى ۋاقتىدا سىياسىي ،ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي جەھەتلەردىن بوغۇلۇش ۋە باراۋەرسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇپ، ھېچقانچە ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق كۆرمىدى. ئازادلىق ئىنقىلابىمىز باشلىنىشى بىلەن خوتۇن —قىزلىرىمىز ئەرلەر بىلەن تەڭلا ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشكە مۇيەسسەر بولالىدى. خوتۇن — قىزلىرىمىز فرونتلاردا قوللىرىغا قورال ئېلىپ، شەپقەت ھەمشىرىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ كەلدى. ئارقا سەپ خوتۇن قىزلىرى ئالدىنقى سەپ تۇرمۇشىنى ھازىر قىلىش، دۆلەتنى قوغداشتا يېتەرلىك خىزمەتلەرنى جارى قىلدى. يېقىندا جۇمھۇر رەئىسىمىز، مارشال ئەلىخان تۆرەم جانابلىرىنىڭ بىۋاستە تەشەببۇسى بىلەن< خوتۇن- قىزلار جەمئىيىتى> تەشكىل قىلىنىپ، ھازىر رەسمىي خىزمەتكە كىرىشتى. مانا بۇ ھال شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن شەرەپلىك نەتىجە ئىدى" دەپ يازىدۇ[5].

ماقالىدە ئوسمان زىيام "ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ۋەتەن، خەلق، دىنىمىز يولىدا بولىدىغان پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىشىدە ئۆز كۈچلىرىنى ئەمەلدە جارى قىلىشى زۆرۈر. جۇمھۇرىيەت دۆلىتىمىز

[2]ئوسمان زىيام . غۇلجىدا تۇغۇلغان ، تونۇلغان زىيالىي، سىياسىيون. ئەدىب. مىللىي ئىنقىلاب دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزايى، باش كاتىپ، "كۈرەش" ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئەت ئەزايى بولغان. ئۇ 1950-يىللاردا، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ، 1980-يىللاردا شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ مىللىي ئىنقىلاب دەۋرىدە كۆپلىگەن سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان.
[3]ئوسمان زىيام، "8-مارت" خەلقئارا خوتۇن - قىزلار بايرىمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى "كۈرەش" ژۇرنىلى، 1946-يىلى، 2-3-ئايلىق سانى. غۇلجا
[4]1940-1930- يىللاردا " خوتۇن-قىزلار "ئاتالغۇسى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن.
[5]ئوسمان زىيام."8-مارت" خەلقئارا خوتۇن-قىزلار بايرىمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى>>.<< كۈرەش>> ژۇرنىلى.غۇلجا.1946-يىلى، 2-3-سان.9-بەت.

خوتۇن- قىزلار سىياستىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىمىز يولىدا ، دۆلەت قۇرۇش ئىشىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەش مەزگىلى كەلدى[6]" دەپ يازىدۇ.
ئوسمان زىيام " شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابى ۋە دۆلەت قۇرۇش يولىدا قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ: "بىرىنچىدىن بارلىق خوتۇن- قىزلارنى ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئومۇمىيۈزلۈك ياردەم قىلىپ ، شەرەپلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن," خوتۇن- قىزلار جەمئىيىتى" ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، بۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تولۇق رەۋىشتە ئىلمىي ۋە جانلىق ئىجرا قىلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن ، سوۋېت خوتۇن قىزلىرىنىڭ كۈرەشچان پائالىيەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كۈرەشچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشى زۆرۈر. تۆتىنچى ، قۇرۇق سۆلەت سەلتەنەتنى تاشلاپ ئىلمىي جەھەتتىن بولغان قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئەخلاقىي جەھەتتىن مۇكەممەل ياخشى ئەخلاق ئىگىلەپ ، دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق ،دەۋرگە ، زامانغا مۇۋاپىق كىشىلەردىن بولۇپ ، دۆلەت خىزمىتىدە پائال نەتىجىلەر كۆرسىتىشلىرى زۆرۈر[7]"دەپ يازىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋە " كۈرەش "ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزايى ئوسمان زىيام ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى دەۋرىدە ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاياللارنىڭ رولى ۋە جارى قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىگە بولغان يۇقىرى تەلىپىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ ، خانىم- قىزلارنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

### ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرى قانۇنىي جەھەتتىن قوغدالدى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى خىتاي مىلىتارىستلىرى ۋە خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىغا قارىتا شوۋىنىزىملىق نۇقتىنەزەردىن تۇرۇپ دەپسەندە قىلىش ، تۆۋەن كۆرۈش ، خورلاش پوزىتسىيىسى تۇتۇلغان ، جۇملىدىن ئاياللارنىڭ ھوقۇقىغا ھېچقانداق ئورۇن بېرىلمىگەن ئىدى. ئۆزلىرى قالاق ، فېئودال ،ھېچقانداق ئىلغارلىقنى ، يېڭى ئاڭنى ، ئىنسانىي ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى خالىمايدىغان ئىستىبدات خىتاي مىلىتارىستلىرىدىن بۇنداق ھوقۇقلارنى كۈتۈش ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باراۋەرلىكى ۋە قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى كۈتۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە ، خىتاي مىلىتارىستلىرىنىڭ بۇ خىل قۇللارلارچە ئىدارە قىلىش تۈزۈمىگە يەرلىك خەلقلەر ، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ

---

[6]ئوسمان زىيام .شۇ ماقالە.9-بەت.
[7]ئوسمان زىيام .شۇ ماقالە.9- 10- بەت

ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم  قالاق ، ئىلغارلىق ۋە دۇنياۋى تەرەققىيات ھەم مىللىي گۈللىنىش ، ئازادلىق ئېڭى بولمىغان ،ئۆز نەپسى  ۋە ئىمتىيازىنىلا ئويلايدىغان ھەر ساھەگە مەنسۇپ ئادەملەر ماسلىشىپ بەرگەن ئىدى.

 1944- يىلى ، 12- نويابىر كۈنى  شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى  ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ، مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىش ۋە راۋاجلىنىشى  جەريانىدا قىلىنغان  بىر قاتار خىزمەتلەر قاتارىدا قانۇنچىلىق ئىشلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى شۇنىڭدەك بۇ قانۇن- تۈزۈملەرگە  ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى ،جۇملىدىن ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر پۇقرالىق ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان قانۇنىي ماددىلار ۋە بەلگىلىمىلەر كىرگۈزۈلۈپ ، قەدەممۇ- قەدەم كۈچكە ئىگە قىلىندى.  شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ  جىنايى ئىشلار قانۇنىدا" ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش دۆلەتنىڭ پۇقراسى" ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پۇقرا بولۇش سۈپىتى بىلەن  دۆلەتنىڭ ئەمىر —پەرمانلىرى ، قانۇن- تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى ۋە دۆلەتنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى شەرت ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى[8].  ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوت مەھكىمىسى تۈزگەن ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى تەستىقلاپ ، رەئىسى ئەلىخان تۆرە  بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسى رەئىسى مۇھەممەدجان مەخسۇم 1945- يىلى ، 13- ماي كۈنى ئىمزا قويغان" جىنايى ئىشلار قانۇنى مەجمۇئەسى ، يەنى تولۇق ئاتىلىشى بويىچە" ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانمىسى"نىڭ  ئىككىنچى ماددىسىدا" شەرقىي تۈركىستان  تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئەر- ئاياللىرى بىردەك  ھۆكۈمەت پۇقراسى بولىدۇ" ،دېيىلگەن بولسا ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا:" شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ھەربىر ئادەم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ھوقۇقتا تولۇق ئىگە بولۇشى ،شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقنى توغرا تونۇپ ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇقرالىق مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشى شەرت[9]"دەپ كۆرسىتىلگەن .

بۇلاردىن باشقا يەنە مەزكۇر قانۇننىڭ 7- ماددىسىدا"ھەربىر ھۆكۈمەت پۇقراسى"نىڭ ھۆكۈمەتنىڭ 1945- يىلى ، 1- ئاينىڭ 5- كۈنى ئېلان قىلغان "9 ماددىلىق خىتابنامىسىنى چوقۇم ھىمايە قىلىشى كېرەك" ،8- ماددىسىدا بولسا ، " 9 ماددىلىق خىتابنامىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ياكى خىلاپلىق قىلغان ھەربىر پۇقرا جازاغا تارتىلىدۇ[10]" دەپ بېكىتىلگەن.

[8]" ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانمىسى" ، 1945-يىلى ،13-ماي كۈنى تەستىقلىنىپ مەجمۇە شەكلىدە بېسىپ تارقىتىلغان..ئۇنىڭ باش قىسىمىدىكى ماددىلارغا قارالسۇن.
[9]"ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانمىسى" ، 1945-يىلى ،13-ماي كۈنى تەستىقلىنىپ مەجمۇە شەكلىدە بېسىپ تارقىتىلغان. غۇلجا
[10]"ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانمىسى"

بۇ ماددا بويىچە ئالغاندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ئاياللارمۇ ئوخشاشلا ئەر پۇقرالاردەك ئەنە شۇ "9 ماددىلىق خىتابنامە"غا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك بولۇپ ، بۇ ئەلۋەتتە ھەربىي سەپكە قاتنىششنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىگە تۇتىشاتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى يەنە ئاياللارنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى ، جىسمانىي ھوقۇقى ، نومۇس شان — شەرىپى ۋە ئىپتىخارىنى ھەممە نىكاھ ھوقۇقىنى قوغدىغان بولۇپ ، ئاياللار ، يەنى ياش قۇرامىغا يەتكەن ۋە يەتمىگەن قىزلارنى قوغداشنى مەخسۇس قانۇن ماددىسىغا كىرگۈزۈپ ، جەمئىيەتتە خانىم- قىزلارنى تۆۋەن كۆرۈش ، خالىغانچە ھاقارەتلەش ، بوزەك قىلىش ، مەجبۇرلاش ۋە خورلاش قاتارلىق قىلمىشلارغا قاتتىق قارشى تۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول قويمىغان. بۇ خىل قىلمىشلارنى جىنايەت كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ جازالىغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ " جىنايى ئىشلار قانۇنى"دا مەخسۇس " نومۇسغا تېگىش جىنايىتى" بېكىتىلىپ ، "زورلۇق بىلەن ئاياللارنىڭ نومۇسغا تەگكۈچى 3 يىلدىن 7 يىلغىچە ، ئاياللارغا تۇپلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا 5 يىلدىن 7 يىلغىچە ، باسقۇنچىلىق قىلىشتا ئايال ئۆلگەن بولسا ، باسقۇنچى جىنايەتچىگە ئالىي جازا ، يەنى ئۆلۈم جازاسى بېرىش ، زورلۇق بىلەن قىز بالىنىڭ نومۇسغا تەگكۈچىگە 5 يىلدىن 7 يىلغىچە ، ئالدامچىلىق بىلەن قىز بالىنىڭ نومۇسغا تەگكۈچىگە 5 يىلدىن 7 يىلغىچە ، بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە قىزنى ئالداپ ياكى زورلۇق قىلىش ئارقىلىق نومۇسغا تەگكۈچى 7 يىلدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە بېرىش بېكىتىلگەن[11]".

بۇلاردىن باشقا يەنە نىكاھ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك "قىزنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ قېچىش" ، "قىزلارنى زورلۇق بىلەن تۇرمۇشقا چىقىرىش" قاتارلىقلارمۇ جىنايەت كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلۈپ ، قىزلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى جەھەتلەردىكى ھوقۇقلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوغدالغان. يەنى ، قىزلارنى زورلاپ ، خوتۇنلۇققا ئېلىش ، ئېلىپ قېچىش قاتارلىق قىلمىشلار قاتتىق چەكلەنگەن.

ئەنە شۇ ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان "جىنايى ئىشلار قانۇن مەجمۇئەسى"گە جۇمھۇرىيەت ئالىي سوت مەھكىمىسى رەئىسى مۇھەممەدجان مەخسۇم بىلەن جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئۆزلىرى بىۋاستە ئىمزا قويۇپ تەستىقلىغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۆز جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ، جۈملىدىن ئاياللارنىڭ قانۇنى ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا قانۇنىي ماددىلارنى قاتتىق ئىجرا قىلغان بولۇپ ، بۇنىڭدا ھەم مىللەت ئايرىمىغان. مەيلى مۇسۇلمان ۋە ياكى غەيرىي مۇسۇلمان بولسۇن ھەممىسىنىڭ ، يەنى ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقىنى شەرتسىز ھىمايە قىلغان. ھەتتا ، مىللىي ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئىنتىزاملار ۋە ھەربىي قانۇنلار

[11] شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ " جىنايى ئىشلار قانۇنى" 1945-يىلى 13- ماي.قاراڭ

چىڭ بولۇپ ، ئاياللارغا چېقىلىش ، باسقۇنچىلىق قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمىغان ، بۇ خىل جىنايەت سادىر قىلغۇچىلار نەق مەيداندا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.  مەسىلەن ، مىسال كۆرسەتسەك ، 1945- يىلى ، 9- ئايدا شىخۇ ئەتراپىدا خىتاي ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان ۋە قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىككى مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ، جەڭچىلەر ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇڭا ، مىللىي ئىنقىلاب دەۋرىدە باسقۇنچىلىق جىنايەتلىرىنىڭ سادىر بولۇشى يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋەھالەنكى ، ئۆزىنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى دەپ ئاتىغان خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېر –ئەسكەرلىرىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر ، قازاق ۋە باشقا مىللەت قىزلىرىنى خالىغانچە ھاقارەت قىلىش ، ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ، مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىۋېلىش ھەتتا  ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرى كۆپلەپ سادىر بولغان بولۇپ ، ئۇلار بۇ خىل قىلمىشلارنى خالىغانچە سادىر قىلسىمۇ ھېچ جازاغا ئۇچرىمىغان ئىدى.



غۇلجادا 1948- يىلى 8- ئايدا ئېچىلغان بىر يىغىن خاتىرىسى

مەسىلەن ، غۇلجا شەھىرىگە جايلاشقان گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ، يەنى گومىنداڭنىڭ خىتاي مىللىتىدىن بولغان ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت قىزلىرىغا چېقىلىش جىنايى قىلمىشلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ ، بۇ خەلقنىڭ بىردەك قاتتىق نارازىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. مانا بۇ ئىش 1944- يىلى 7- نويابىر كۈنىدىكى غۇلجا قوزغىلىڭىغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپ قاتنىششىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.  لېكىن گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى خىتاي

ئەسكەر ۋە ئوفتسېرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىش، ئۇلارنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىش، خالىغانچە خورلاش قىلمىشلىرىنى تۇسۇيدىغان ۋە چەكلەيدىغان  ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان. ئەكسىچە بۇنداق قىلمىشلارغا كۆز يۇمغان .  شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى  پارتىزانلىرى 1944- يىلى، 12- ئاينىڭ 30- كۈنى كۈرەنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، كۈرەدىن گومىنداڭنىڭ خىتاي ئوفتسېر- ئەسكەرلىرى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان كىچىكى 15 ياشتىن چوڭى 30 نەچچە ياشلارغىچە بولغان كۆپ ساندا ئۇيغۇر، ئاز ساندا شالغۇت قىز- ئاياللارنى ئازاد قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھىمايە ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي ، تېببىي جەھەتلەردىن   ياردەم كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ خالىغانلىرىنىڭ پارتىزانلار سېپىگە قاتنىشىپ، مېدسېسترا ،يەنى سانىتاركا بولۇشىغا ئىمكانىيەت  يارىتىدۇ ،خالىغانلىرىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرىدۇ. ئەنە شۇ قېتىمدا ئازاد قىلىنغان خىتاي ئوفتسېر ۋە ئەسكەرلىرى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان  ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سانى 150 دىن ئاشقان ئىدى[12] ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە ئۇلارنى توپلاپ يىغىن ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارغا ئېرىدىن ئاجرىشىشنى ئىختىيارى قىلغانلارغىمۇ يول قويۇش، ئېرىدىن ئاجراشماي ئۆتۈشنى خالىغانلارغىمۇ يول قويۇش، خالىغانلىرىنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش، يالغۇز قالغانلىرىنىڭ  تۇرمۇشقا چىقىشنى خالىغانلىرى بولسا خالىغان كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا يول قويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش چارە- تەدبىرلەرنى قوللاندى.  بۇلارنىڭ 6 نەپىرى ئۆز يۇرتىغا كېتىپ ئاتا- ئانىسى بىلەن بىرگە ياشاش يولىنى تاللىغاندىن باشقا مۇتلەق زور قىسمى گومىنداڭنىڭ پارتىزانلارغا قورال تاشلاپ ئەل بولغان سابىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن توي قىلدى، بەزىلىرى يەرلىك دېھقان يىگىتلەر بىلەن نىكاھلاشتى. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەرلىرى بىلەن داۋاملىق ياشاپ قالغانلىرىمۇ ئاز بولسىمۇ بولدى [13]. بۇ خىلدىكى ئەھۋال كېيىن ھەرقايسى جايلارنى ئازاد قىلىش جەريانىدا داۋاملىق ئۇچرىغان ئىدى.

1946- يىلى، 6- ئايدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا  تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان تەرەپ خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشنى چەكلەش شەرتى قويغان، بۇنىڭغا خىتاي گومىنداڭ تەرەپ قۇشۇلۇشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى مەنئىي قىلغان[14]. بۇنى رەسمىي قانۇنغا كىرگۈزگەن.  نەتىجىدە، ئىلگىرى ھەر قايسى جايلاردا ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرىي ، قورقۇتۇش ۋە  زورلۇق يوللىرى بىلەن ئاياللىققا ئېلىۋالغان خىتاي ئوفتسېرلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قوللىرىدىن بىر قىسىم ئاياللار ئازاد قىلىنغان شۇنىڭدەك بۇ خىل ئەھۋالغا  يول قويۇلمىغان ئىدى.

---

[12] توختى ئىبراھىم. مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى.شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.2003-يىلى، 89-بەت

[13] توختى ئىبراھىم.شۇ ئەسەر.89-بەت

[14] جاڭ جىجوڭ ، "ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر". شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 -يىلى، 88- 89 -بەتلەر

**خانىم- قىزلار مىللىي ئارمىيە سېپىدە**

ئومۇمەن ، 1945- يىلى ، 8- ئاپرېل كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىسىنى قۇرغاندا ئۇيغۇر ، تاتار ، رۇس ، قازاق ۋە باشقا مىللەت قىزلىرىمۇ ئاكتىپ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى ،ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدەممۇ- قەدەم ئۆسۈپ ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرىغا ئايلانغان ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئايال جەڭچى- ئوفىتسېرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەربىي تېببىي ساھەسىگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇلار پۈتۈن قوشۇنلاردىكى ، يەنى ھەر قايسى پولك ، باتالىيون ۋە روتىلاردىكى سانىتاركىلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ئىدى.

بۇ قىز جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى 1945- يىلى ، 8- ئايدىن 10- ئايغىچە داۋاملاشقان ئاقسۇ فرونتىدىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ ، سانىتاركىلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان بولسا ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ جىك ۋە شىخودىكى ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ ، شىددەتلىك جەڭ مەيدانلىرىدا يارىدارلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ،داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەڭلەردە ، بولۇپمۇ شىخۇ ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيەدە ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش ئېغىرراق بولۇپ ، جەڭلەردە يارىدارلارنى قۇتقۇلدۇرۇش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە ئۆلگەن سانىتاركا ، يەنى شەپقەت ھەمشىرىسى قىزلارنىڭ سانىمۇ كۆپرەك بولغان ئىدى. مەسىلەن جىك ئۇرۇشى ۋە شىخۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى شىددەتلىك جەڭلەردە ئۇيغۇر قىز جەڭچىلىرىمۇ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ ، ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ، ياكى يارىدار بولغان.

قىز جەڭچىلەر مىللىي ئارمىيە پولك شتابلىرى ، باش قوماندانلىق شتابى قاتارلىق شتابلاردا خەت باسقۇچى ، تېلېفونىست ، رادىست ، كاتىپ ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئاتقۇردى.



مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىكى ھەر مىللەت ئوفىتسېر قىزلار

مىللىي ئارمىيە قىز جەڭچىلىرىنىڭ كىيىملىرىدە ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايال جەڭچى- ئوفىتسېرلىرىنىڭ كىيىملىرى مودېل قىلىنغان ، يەنى ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش گىمناستوركا كىيگەندىن باشقا كالتە يوپكا ۋە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ، باشلىرىغا ئىسپانكا ( پلىوتكا ) كىيگەن.

مىللىي ئارمىيە تارىخىغا ئائىت سۈرەتلەر ئارىسىدا ئايال جەڭچى- ئوفىتسېرلارنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قانچە سۈرەت ساقلىنىپ قېلىنغان بولۇپ ، بۇلار ئىچىدە باش قوماندانلىق شتابى باشلىقى ، گېنېرال مايور ۋارسام ماژاروفنىڭ بىر توپ شتاب ئايال ئوفىتسېرلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ باش شتابنىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرگە چۈشكەن سۈرىتىدىكى بىر قانچە نەپەر ئايال ئوفىتسېرنىڭ قىياپىتى بۇلارنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ھەتتا مىللىي ئارمىيەدە ئەر –ئايال بىرلىكتە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋە بىرلىكتە جەڭگە قاتنىشىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلگەن. مىللىي ئارمىيەدە ئاياللار ئىچىدىن ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ ئۇنۋانى مايور دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. ئۇلار ئارىسىدىن پراپورشىك ،پورۇچىك ، پودپورۇچىك ، كاپىتانلىق ئۇنۋانى ئالغانلارمۇ بولغان ئىدى.

كېيىنكى ، خىتاي ھۆكۈمەت تارىخچىلىرى ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى "پان- ئىسلامىستلار قولىغا كەلتۈرۈۋالغان ، پان- ئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان ، ئۇلار قالاق دىنىي

روهانيلار ئىدى" دەيدىغان ئەيىبلەشنى كۆچەيتكەن . ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىسلام دىنى ئالىمى ئىكەنلىكى راست ، لېكىن ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتۈشى ، ئەنە شۇنداق ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ ، ئەرلەر بىلەن جەڭ مەيدانىدا بىرگە بولۇشىنى قوللىشىدىن قارىغاندا ، ئەلىخان تۆرە ھەرگىزمۇ خىتاي تارىخچىلىرى سۆككەندەك "قالاق" ، "دىنىي رادىكال ئۇنسۇر"ئەمەس . ئەگەر ئۇ خىتاي تارىخچىلىرى سۆككەندەك"پان- ئىسلامىست" بولسا ، "پان- ئىسلامىزم" ، "پانتۈركىزم" تەشۋىقاتى قىلغان بولسا ، ھەممە نەرسىنى قاتتىق دىنىي ئەقىدە بويىچە ئېلىپ بارغان بولسا ، مۇسۇلمان ئاياللىرى ھەرگىزمۇ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە يۈرۈپ ، ئۇچىسىغا كالتە يوپكا ، ئۆتۈك ، باشلىرىغا ئىسپانكا كىيىپ ، سانتاركىلىق ، يەنى "شەپقەت ھەمشىرىسى"لىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ ،ياردار ئەر ئەسكەرلەرنى كۆتۈرۈپ ياكى سۆرەپ ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ يۈرمىگەن بولار ئىدى. رۇس ، موڭغۇل ، شىبە ، داغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق بېشىل بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ، خىتاي ئارمىيىسى ۋە ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان بولار ئىدى. ئەنە شۇ رۇس ، شىبە ، موڭغۇل ، داغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئوغۇل قىزلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق بېشىل بايرىقى ئاستىدا دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى.

**خانىم- قىزلارنىڭ ھەربىي سەپلەردىكى قەھرىمانلىقلىرى**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا كۆپ ساندا قىزلار قولىغا قورال ئېلىپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ ، خىتاي گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەڭ مەيدانىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەمشىرەلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان بولۇپ ، ئۇلار قىسقا ۋاقىتلىق تەربىيىلەشتىن كېيىنلا ھەرەمباغ ، لاڭشاڭ ، ئايرودروم ۋە باشقا جايلاردىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ ، جەڭ مەيدانىدا ياردار بولغان جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل قوراللارنى ئېتىشنى ئۆگەنگەن ھەم جەڭلەرگە قاتناشقان ئىدى.

مانا مۇنداق قەھرىمانلىقنىڭ ئۈلگىسى ، نامى رىۋايەتلەرگە ئايلانغان ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۇل ھاشىم ( 1926-1945) بولۇپ ، 19 ياشلىق بۇ قىز 1945- يىلى ، 1- ئاينىڭ 13- كۈنى پارتىزانلار ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلغاندا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي ، ياردار بولغان پارتىزاننى جەڭ مەيدانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ، يەنە بىر جەڭچىنى قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان. رىزۋانگۇل ھاشىمنىڭ قەھرىمانلارچە ئۆلۈمى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا بارلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى ، قىزلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەتبۇئاتلىرىدا شېئىر ، ئوچېركلار ئارقىلىق كەڭ تەشۋىق قىلىنغان. ئۇنىڭ ھەققىدە ناخشىلار يېزىلىپ ئوقۇلغان. رىزۋانگۈل ھاشىم قاتارلىق بىر توپ قىز جەڭچىلەرنىڭ قىش مەزگىلىدە كوللېكتىپ چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا خانىم- قىزلارنىڭمۇ پىدائىي بولۇپ ، قاتنىشىپ ، ئەرلەر بىلەن تەڭ جەڭلەرگە قاتناشقانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ جەڭلەردە رىزۋانگۈلدىن باشقا يەنە نەچچە ئونلىغان قىز پارتىزانلار ئۆلگەن ۋە ياريدار بولغان ئىدى.




شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارتىزانلىرى دەۋرى. 1945-يىلى ، 1-ئاي ( ئوتتۇردا - رىزۋانگۈل )

رىزۋانگۈل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى مىللىي ئازادلىققا ، ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنىڭ بىر شانلىق ئۈلگىسى بولۇپ ، قىزىق يېرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىككى كىشى ئەڭ مەشھۇر قەھرىمانلىق سىمۋولى بولغان ، يەنى ئۇنىڭ بىرى ئەر ، يەنى غېنى باتۇر بولۇپ ، ئۇنىڭ نامى قەھرىمانلىق ، باتۇرلۇق ، مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىش ۋە كۆرەش قىلىشنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە كەڭ ئورۇن ئالغان بولسا ، يەنە بىرى ئايال ، يەنى جەڭ مەيداندا قۇربان بولغان 19 ياشلىق سانىتاركا ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن " شەپقەت ھەمشىرىسى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىق سىمۋولىدۇر. بىر ئەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا ، يەنە بىرى قىز- ئاياللارنىڭ باتۇرلۇقى ، مەرتلىكىگە سىمۋول قىلىنىپ ، پۈتۈن خانىم- قىزلارنىڭ رىزۋانگۈلنىڭ "ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا بولۇش"روھىدىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىلغان ئىدى.

بۇ روھ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئەزايى ۋە شائىر قاسىمجان قەمبىرىنىڭ " ئازاد شەرقىي تۈركىستان" گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان رىزۋانگۈل ھەققىدىكى شېئىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇر قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈلنىڭ نامى شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشتە ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغان شەجەرىسى تەركىبىگە كىرىپ ، بىر مىللىي سىمۋولغا ئايلاندى. رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋە ھازىرمۇ كۆپلىگەن شېئىرلار ، داستان ، ئەدەبىي ئاخبارات ، پوۋېست- رومانلار ئىجاد قىلىنىدى ھەم قىلىنماقتا ، ئۇنىڭ نامى دائىم ئەسلىنىلمەكتە.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر كومپوزىتورى قۇددۇس غوجامياروف 1946- يىلى يازدا ، رىزۋانگۈل بىلەن بىر سەپتە ھەرەمباغ سوقۇشىغا قاتناشقان شۇنىڭدەك ئۆز باتالىيونى بىلەن ئاقسۇ ئۇرۇشىدا بولغان يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ،مىللىي ئارمىيە كاپىتانى مىرزىگۈل ناسىروفتىن رىزۋانگۈل قاتارلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى يولىدا ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭگە قاتناشقان قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ، ناھىيە تەسىرلەنگەن شۇنىڭدەك 1949- يىلى ، ئۆزىنىڭ موسكۋا كونسېرۋاتورىيەسىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش ئەسىرى سۈپىتىدە " رىزۋانگۈل" سىنفونىيەسىنى يازغان ھەم بۇ ئەسەر موسكۋادا ئورۇندالغان ئىدى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ سىمفونىيەلىك مۇۋەپپەقىيىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن رۇسىيە مۇزىكا ساھەسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ ، 1951- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دۆلەت مۇكاپاتى ، "ستالىن"مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان . "رىزۋانگۈل>سىمفونىيىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا تارىخىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۈملىدىن قازاقىستان مۇزىكا ساھەسىدە تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن سىمفونىيەلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەرلەر بىلەن بىرگە جەڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ ، قورقماس روھىنى نامايان قىلغان نامسىز ئايال جەڭچىلەرنىڭ بىرى تۇخان ئىسىملىك ئۇيغۇر ئايالدۇر. تۇخان 1945- 1947- يىللىرى ئارىسىدا مىللىي ئارمىيە سېپىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان ئايال قەھرىمان.

تۇخان ، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئايالى بولۇپ ، ئۇنىڭ جەڭ ھاياتى ئالدى بىلەن سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ 1945- يىلى ، 5- ئايلاردا شىخۇ ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىدىكى بىر روتا ئۇيغۇر ئەسكىرىنى باشلاپ ، دۈشمەن بىلەن بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ ، ئۈچ ھەپتە ۋاقىت يول يۈرۈپ ،ئاخىرى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇچرىشىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىدا باشلىنىدۇ. تۇخان ئۇستا مەرگەن بولۇپ ، ئۇ مىلتىق ئېتىشتىن باشقا يەنە قول پىلىموتى ئېتىش ، ئات چاپتۇرۇش قاتارلىق ھەربىي سەنئەتتىمۇ ماھارەتكە ئىگە ئىدى.

تۇخان سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئايالى بولۇش بىلەن بىرگە رەسمىي مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى سۈپىتىدە ھەربىي كىيىم كىيىپ ، سوپاخۇن بىلەن بىرگە ھەربىي مەشقلەرگە قاتنىشىدۇ. 1945- يىلى ، 7- ئاينىڭ ئاخىرى ئەلىخان تۆرە باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبتىكى ئاقسۇ تەۋەسىدە قوراللىق ھەرىكەت قىلىپ ، شىمالى ۋە ئوتتۇرا فرونتلاردىكى جەڭلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن قاسىمجان قەمبىرى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ مەخسۇس ھەربىي كوماندىرلىقىدا ئۇ شىخۇ ئەتراپىدىن باشلاپ كېلىپ ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىگە ئايلانغان 100 گە يېقىن ئەسكەر ۋە غۇلجىدىن قوشۇلغان 50 ئەتراپىدىكى پىدائىيدىن تەركىب تاپقان بىر ئەترەتنى باينىڭ قىيىر دېگەن يېرى ئارقىلىق جەنۇبقا ئەۋەتتى. تۇخان ئەنە شۇ قېتىممۇ سوپاخۇن بىلەن بىرگە ئاقسۇغا چۈشۈپ ، سوپاخۇننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي بارلىق جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. قورغاننى ئېلىش جېڭىدە تۇخان سوپاخۇن بىلەن بىرگە ئېگىزلىككە چىقىپ ، سوپاخۇننىڭ قورغان ئىچىگە ئوق ئېتىپ ، پىلىموتچىكنى ئۇجۇقتۇرۇش ئىشىغا ياردەملەشتى ، تۈزاۋاتتىكى جەڭگە ۋە باشقىلارغا ئىشتىراك قىلدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش مىلتىقىدىن توختىماي دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزەتتى. روشەنكى ئۇ مەرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقىدا قانچىلىغان خىتاي گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بەلكى ئۇ ئۆزى تەخمىن قىلغان بولسا كېرەك.

دادام مەرھۇم تۇرسۇن بارات سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن سىرداش ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن 1990- يىللاردا سوپاخۇندىن تۇخاننىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە قانداق جەڭلەرنى قىلغانلىقى ۋە باشقا ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ئىكەن ، دادام بۇ ۋەقەلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دادامنىڭ سوپاخۇن سوۋۇروفتىن ئىگىلىشىچە ،تۇخان ئاقسۇ كوناشەھەردىكى جەڭلەرگە ، ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىگە باشتىن ئاخىرى قاتناشقان. ئۇ بۇ جەڭلەرگە رەسمىي جەڭ قىلغۇچى سۈپىتىدە قاتناشقان بولۇپ ، ئۇ ئېرى -قوشۇن كوماندىرى سوپاخۇننى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلىگەن . شاھىتلار ئۇنىڭ سوپاخۇننى بىر قانچە قېتىملىق ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ[15]. تۇخان ھەر دائىم ھەربىي كىيىم كىيگەن ۋە قورال ئاسقان ، ئاتقا مىنگەن ھالدا سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ يېنىدا مەزمۇت تۇراتتى ، ئۇنىڭ قەھرىمانلارچە قىياپىتى جەڭچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ھەققىدە سۆزلىشەتتى[16].

تۇخاننىڭ جەڭ ماھارىتى ھەققىدە سوپاخۇن كوماندىرلىقىدىكى ئەترەتكە ھەربىي مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ئۇلار بىلەن بىرگە ئاقسۇغا چۈشكەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچى ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ پودپولكوۋنىكى پېتىر ساۋىن ، يەنى غۇلجىدا زاكىر تۆرە دەپ ئاتالغان كىشى 1980- يىلى يەنە

[15] دادام تۇرسۇن بارات ( 1936-2017) بىلەن سوپاخۇن سوۋۇروف ھەققىدە سۆھبەت. 2016-يىلى ،11-ئاينىڭ 12-كۈنى.
[16] مىرزىگۈل ناسىروف باتالىيونىڭ ئاقسۇدا جەڭ قىلغان جەڭچىسى ،سوپاخۇننى ۋە ئايالىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن نۇرمۇھەممەد سادىقوفنىڭ( 1927-يىلى تۇغۇلغان) سۆزلەپ بەرگەنلىرى ،2017-يىلى ، 4-ئاي.

بىر سوۋېت رازۋېدكىچى ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا  مەسلىھەتچى بولغان ئېلى مەمەتوف ، يەنى گابىت مۇزىپوفقا يېزىپ بەرگەن ئۆزىنىڭ ئاقسۇ ئۇرۇشىدا  شاھىت بولغان ئەسلىمىسىدە سوپاخۇن ھەققىدە توختالغاندا تۇخانىنىڭ جەڭ ماھارىتىگە يۇقىرى  باھا بېرىپ ، ئۇنىڭمۇ ھەر خىل قورالالارنى ئىشلىتەلەيدىغان قەھرىمان ئايال ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ئىدى[17].

تارىخى شاھىتلارنىڭ قەيت قىلىشىچە ،تۇخان ئاقسۇ ئۇرۇشىدىن   ساق- سالامەت قايتىپ چىققاندىن كېيىن ،داۋاملىق ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ، لېكىن پەرزەنتلىك بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن سوپاخۇن سوۋۇروفقا تەكلىپ بېرىپ ، باشقا بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ پەرزەنتلىك بولۇش تەۋسىيىسى بەرگەن ئىكەن. پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروف ، تۇخانىنىڭ رازىلىقى بىلەن شۇ يولنى قوللانغان ،كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇخان ۋاپات بولغاندا سوپاخۇن ئۆزى دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرگەن ئىكەن.

مىللىي ئارمىيىنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى تۇخانىنىڭ نامى مەتبۇئاتلاردا تەشۋىق قىلىنمىغان  بولسىمۇ ، لېكىن سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ سەپداشلىرى تۇخانىنىڭ قەھرىمانلىقىدىن ، ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان قورقۇمسىز ۋە مەرد جەڭچىلىكىدىن قايىل بولۇشقان ۋە بۇ ئەسلىمىلەر خەلق ئىچىگە مەلۇم دەرىجىدە تارقالغان.

تۇخانىنىڭ قەھرىمانلىقى شەرقىي خانىم- قىزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق  كۈرىشىدىكى  جەڭگىۋارلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چوقۇم خاتىرىلىنىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيە سېپىدە دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭلەرگە قاتنىشىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئەجەل ئوقلىرى ئارىسىدىن ياريدار جەڭچىلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغان ، " شەپقەت ھەمشىرىسى"دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان كۆپلىگەن قىز جەڭچىلەر بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ  خېلى كۆپ قىسمى جەڭ مەيدانلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان ياكى ئېغىر- يېنىك ياريدار بولغان ئىدى.

**ئاياللارنىڭ ئارقا سەپتە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى**

ئاياللارنىڭ يەنە بىر زور تۆھپىسى ھەربىي ئارقا سەپ  ، يەنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئارقا سەپ خىزمەتلىرى بولۇپ ، غۇلجا شەھرىدە  مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ  ھەربىي تەمىنات بۆلۈمى ۋە باشقا ئورگانلار تەركىبىدە نەچچە ئونلىغان تىككۈچىلىك سېخلىرى قۇرۇلۇپ ، نەچچە يۈزلىگەن خانىم- قىزلار بۇ سېخلاردا

[17] گ.مۇزىپوف.ر.مۇزىپوف. شىنجاڭدىكى رۇسلار. ئۈگلىچ.رۇسىيە .2004-يىلى نەشرى ( رۇسچە )

ئەسكەر- ئوفتسېرلارغا كىيىم- كېچەك تىكىش بىلەن شۇغۇللاندى. 30- 40 مىڭ كىشىلىك بارلىق ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تۈرلۈك كىيىم- كېچەكلىرى، خۇرۇم سومكا، كەمەر ۋە باشقا كېرەكلىك بۇيۇملىرى غۇلجىدا تەييارلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىشلاردا ئاياللارنىڭ رولى زور بولدى. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھېچنېمىسنى ئايىمىدى.

مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ئېلىپ بېرىلغاندا زور ساندىكى ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈك،بىلەزۈك، زىرە ۋە باشقا ھەر خىل زىبۇ- زىننەتلىرىنى ئايىماي ئىنقىلابقا تەقدىم قىلدى.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە مەنبەسى يوق ئىدى، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئازاد قىلىنغان بىلەن دۈشمەندىن پەقەت تۇپراق ۋە خەلق ئازاد قىلىنغان بولۇپ، دۈشمەندىن بىر قىسىم قورال- ياراق، ئوق- دورىلار ۋە مەلۇم ساندىكى ماددىي ئەشيالار ئولجا ئېلىنغاندىن باشقا ھېچقانداق خەزىنە ياكى بايلىق قولغا چۈشمىدى،ھەتتا غۇلجا شەھىرىدىكى بانكىدىكى پۇللارنى ۋە بىر قىسىم ئالتۇنلارنىمۇ خىتايلار ئۆزلىرى بىلەن ھەرەمباغقا

ئېلىپ كىرىۋالغان ۋە يوق قىلىۋەتكەن ئىدى. دېمەك ياش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالدىدا خىتاي گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى تاشلاپ قاچقان ئۆي- مۈلك، جاھاز، ئاز مىقداردىكى ئالتۇن- كۈمۈش قاتارلىقلاردىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ ئۆز ھېسابىغا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ قىممىتى ئاز ئىدى. شۇڭا بىردىنبىر خەلقنىڭ ھىمايىسى، خەلقنىڭ ئىئانىسى ۋە قوللىشىغا شۇنىڭدەك بارلىق ئۆشرە- زاكاتلارنى يىغىشقا تاياندى. مانا شۇ سەپتە ئاياللارمۇ ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ، قول ئىلىكدە بار ياكى يوق بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي زىبۇ- زىننەتلىرىنى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا تەقدىم قىلدى.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، سانسىزلىغان ئانىلار ئوغۇللىرىنى جەڭ مەيدانىغا ئۆزلىرى ئۇزىتىپ،ئۇلارنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قۇربان بولۇشىغا رازى بولغان ئىدى. بۇ ئانىلار ئوغۇللىرىنىڭ شىخۇ، جىڭ ۋە باشقا جايلاردىكى خىتاي قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، داۋاملىق ئۇرۇمچىنى ئازاد قىلىپ، ئازادلىق بايرىقىنى شىڭشىڭشاغا تاقاش، جەنۇبتىكى زۇلمەت ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئازاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، پەرزەنتلىرىگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشقان ئىدى. ئوغۇللىرىنىڭ جەڭ مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئوغۇللىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ،ئازابلىرىنى قەلبىگە يوشۇرغان ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆلىنىش جەڭ مەيداندا قۇربان بولغان جەڭچى ئابدۇللامىنىڭ ياردار بولۇپ ئۆلۈش ئالدىدا ئانىسىغا يازغان خېتى ۋە شېئىرى ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئابدۇللام ئانىسىدىن ئۆزىنىڭ مىللەت يولىدا قۇربان بولۇشىدىن رازى بولۇشىنى، كۆز ياشلىرىنى تۆكمەسلىكنى تەلەپ

قلىپ ،ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئاقلىغانلىقىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئەسلى مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مەرھۇم تۇردى سامساق بولسا مىللىي ئارمىيەدە يۈز بەرگەن بىر ھەقىقىي ۋەقەنى پۇۋىست قىلىپ يازغان بولۇپ ، "بەش تال ئوق" دەپ ئاتالغان مەزكۇر پروزا ئەسىرىدە مىللىي ئارمىيەگە تىكىپ ئەۋەتىلگەن كىيىملەر ئىچىدىن بىر نامەلۇم قىزنىڭ ئەگەر بۇ كىيىمنى كىيگەن جەڭچى بەش دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن بولسا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغانلىقى ئارزۇسى بىلدۈرگەنلىكى يېزىلغان خەتنى چۆرىدىگەن ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن[18]. بۇ بىر بەدىئىي توقۇلما ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتۇر. تارىخىي شاھىتلارنىڭ ئەسلىشىچە، مىللىي ئارمىيەگە كىيىم تىككۈچى توي قىلمىغان قىزلارنىڭ ئۆزلىرى تىككەن كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرىغا " مەن، مانچە خىتاي ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن باتۇر يىگىت بىلەن توي قىلىمەن" دېگەن خەتلەرنى سېلىپ قويغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار رېئاللىق ئىدى.

ئومۇمىي سانلىق مەلۇماتلارنى ھېسابلاپ، تەخمىنەن پەرەز قىلغاندا 1944- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تاكى 1949- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشقا ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى ،ئارقا سەپلىرى، تېببىي ساھەسى ۋە باشقا ئورۇنلىرىغا ئاز دېگەندە تەخمىنەن 2 مىڭ ئەتراپىدا ھەر مىللەت ئايال پىدائىيسى قاتناشتى.

**ئاياللار مەدەنىيەت سېپىدە**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، بۇ ئۆمەكتە كۆپ ساندا خانىم —قىزلار قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرغان بولۇپ،بىر قىسىم ئايال ناخشىچىلار، دراما ئارتىسلىرى، ئۇسسۇلچىلار يېتىشىپ چىققان. ئايال ئارتىسلار كلاسسىك ئەسەرلەرنى ھەم يېڭىدىن تۈزۈلگەن كۆپلىگەن درامىلارنى ئويناشقان قاتناشقان. مەسىلەن 1946- 1949- يىللىرى ئارىسىدا ئىلگىرى —كېيىن كېيىن " غېرىب- سەنەم،"، " پەرھات —شېرىن"، " لەيلى- مەجنۇن"، " جەنۇبتىكى زىندان"، " قانلىق داغ"، " ئۆز مۇھىت"، " ئارشىن مال ئالان"، " غۇنچەم"، " گۈلنىسا"، " باي ۋە مالاي" ۋە باشقا درامىلار قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئايال ئارتىسلار ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

دراما- تىياتىر سەنئىتى ھەتتا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئارىسىدىمۇ ئەۋجى ئالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك كومىتېتلىرىمۇ "سانايىنەپىسە"ئۆمەكلىرى تەشكىل قىلىپ، ھەر خىل كونسېرتلارنى كۆرسەتكەندىن سىرت يەنە درامىلارنى ئوينىغان. بۇ ئۆمەكلەر تەرىپىدىن 1946- 1947- يىلى، ئىلگىرى- كېيىن" يۈسۈپ- ئەخمەد"،"تۇرۇت

[18] تۇردى ساماق، "بەش تال ئوق" ھىكايىسىگە قارالسۇن

تەنتەك"،" بوزيگىت"،" تاھىر —زۆھرە"،" سىنىي پلانچىك"، " خىيالى تېپىب "،" ئەخمەق"،" ئېزىلگەن كەرىم"، " ئىرتار ئەيىن"،"چورۇق"، " زەڭگەر قان" قاتارلىقلار ئوينالغان. بۇلاردىمۇ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئۇنىڭ سەنئەت كۇرژۇكلىرىنىڭ خادىملىرى بولغان خانىم-قىزلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئايال ئارتىسلاردىن گۈلسۇم ئىسمائىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن " شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى"نامىغا ۋە شەرەپ تەقدىرنامىلىرىگە ئېرىشكەندى.

**ئاياللار مائارىپ سېپىدە**

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۆز تەۋەسىدە زور ساندا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇردى. ئەنە شۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەلۇم سالمىقنى ئاياللار تەشكىل قىلدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن ئوقۇتقۇچىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرس بەردى. ئاياللارنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى رولى ئوخشاشلا كۆرۈنەرلىك بولدى. غۇلجا ۋە چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە ۋە بەزى ناھىيەلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە كۈچەيتىشىدە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولى زور بولدى. مائارىپ ساھەسىدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەقسىز مەجبۇرىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشى نەتىجىسىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيەسىدە ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تېز ئېشىپ، مائارىپنىڭ قاپلىشى يىلدىن يىلغا ئاشتى. ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى تۇنجى 3 يىللىق ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى-ئىلى بىلىم يۇرتىنى قۇرۇپ، پېداگوگىكا، ئاگرونوم ،مال دوختۇرلۇق ،چارۋىچىلىق، بوغالتىرلىق ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە 500 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ مائارىپ مېتودى ۋە ماتېرىياللىرى بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم نىسبەتنى قىزلار تەشكىل قىلدى.

تېببىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغىمۇ كۆپ ساندا قىزلار ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى.

ئايال ئوقۇتقۇچىلار يەنە ئاياللار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، ھۈنەر كەسىپ ئۆگىنىش ھەرىكىتىدىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولۇپ، نۇرغۇن خانىم-قىزلار ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

غۇلجدا تەسىس قىلىنغان"ئايالالار  ھۈنەر مەكتىپى "ۋەكىللىك پائالىيەت قىلغان بولۇپ ، ھۆكۈمەتنىڭ راسخوتى بىلەن 1948- يىلى قۇرۇلغان مەزكۇر مەكتەپتە 1948- 1949- يىللىرى ئارىسىدا 8 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلار سانى 213 نەپەرگە يەتتى.  ئوقۇتقۇچىلار 17 نەپەر بولدى.  ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرى بولۇپ ، مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا مۇنىرە خانىم تەيىنلەندى ،ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا رۇسلار ، تاتارلار ۋە ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ئايالالار ھۈنەر مەكتىپى يەنە سۈيدۈڭ ، چاپچال ، نىلقا قاتارلىق ناھىيەلەردە ئۆزىنىڭ شۆبىلىرىنى قۇردى.

ئايالالار ھۈنەر مەكتىپىدىن باشقا يەنە  غۇلجا شەھىرىدىكى " شەرق مەكتىپى" ، " روشەن مەكتىپى" قاتارلىق مەكتەپلەردىمۇ قىزلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىك كەسپى كۇرسلىرى ئېچىلدىپ ، كۆپلىگەن قىزلار ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەندى.



شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان بوغالتىرلىق كەسپى مەكتىپىنىڭ قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرى. 1948- يىلى

ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە مەبلىغى بىلەن ئېچىلغان غۇلجا ئايالالار ھۈنەر مەكتىپى 1949- يىلى 6- ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە ، 55 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەلاچى ئوقۇغۇچى ، 30 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچى قىلىپ بېكىتىپ مۇراسىم ئارقىلىق ئۇلارنى تەقدىرلىدى[19] .

ئومۇمەن ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە ئىلى ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 10 ۋىلايىتى ئىچىدە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ئەڭ يۇقىرى رايونغا

[19]ماھنۇر قاسىم ، شۇ ئەسەر. 2-توم.1131-بەت.

ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن 1950- يىللاردا غۇلجا مائارىپىدىكى زور ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈرۈمچىگە كوللېكتىپ ھالدا يۆتكەپ كېلىنىپ ، شۇلار ئارقىلىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى ۋە باشقا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇنى تولۇقلانغان ئىدى

**خانىم –قىزلارنىڭ قايتىدىن جەمىيەتلىشىشى ۋە تەشكىللىنىشى**

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، جۇملىدىن ئۈرۈش ئاخىرلىشىپ ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ئارىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ ، ئىككى تەرەپ قايتىدىن جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ ، قارشىلىشىش داۋاملاشقان يىللاردىمۇ ئاياللار ھوقۇقى ، ئاياللار ئازادلىقى ، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى قاتارلىق تەشۋىقات ۋە تەشەببۇسلار باشتىن ئاخىرى توختاپ قالغىنى يوق ، ئەكسىچە ئاياللار خىزمىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان خىزمەتلەر قاتارىدىن داۋاملىق ئورۇن ئالغان ئىدى. 1947- يىلى ، 8- ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ۋەكىللەر ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۇرۇش ۋەزىيىتى قايتىدىن شەكىللەنگەن ، مىللىي ئارمىيە بىلەن خىتاي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىپ ، قايتىدىن بىر- بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندىن كېيىنكى مەزگىللەردە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئازاد ئۈچ ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي ئىگىلىك جەھەتتىن كۈچەيتىش ، ھەربىي جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇزۇش ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى رايونلاردىن ھەر جەھەتتىن ھۆر ،ئەۋزەل ۋە ئۈستۈن ھاياتلىق مۇھىتى يارىتىشقا كىرىشكەندە ئاياللار خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئارىلىقتا خىزمەتلىرى توختاپ قالغان " خانىم قىزلار جەمئىيىتى" ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1948- يىلى ، 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان خانىم- قىزلار جەمئىيىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ،سايلام قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئىلى ۋىلايىتى ۋالىيسى ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئايالى ھاكىم ئاغىچا[20] بىلەن بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنونوفنىڭ ئايالى ئايشە مۇنونوۋا[21] جەمئىيەتنىڭ پەخرىي رەىسلىكىگە سايلاندى. جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزايى ۋە مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ۋاققاس ھاجى

[20] ھاكىم ئاغىچا ( 1893-1977) غۇلجىلىق ، ئۇيغۇر ، مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بوۋاقىنىڭ يالغۇز قىزى ، ئۇ ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئايالى ئىدى. بۇ ئايال 1950-يىللاردا غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزايى بولغان.1977-يىلى غۇلجادا ۋاپات بولغان.

[21] ئايشە مۇنونوۋا. تېكەسلىك قىرغىز ، ئۇ 1952-يىلى گېنېرال ئىسھاقبېكتىن تۇغۇلغان ئوغلىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ ، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھرىدە ياشاپ ، 2000-يىللاردا ۋاپات بولغان.

مرشانوفنىڭ خانىمى تەۋەيىمخان مرشانوۋا[22] ، قازاقلاردىن كاملە خانىم ۋە ئۇيغۇرلاردىن تاشخان مۇئاۋىن رەسلىككە سايلاندى. يىغىندا " شەرقىي تۈركستان خانىم –قىزلار جەمئىيتىنىڭ نىزامنامىسى" ماقۇللاندى. ئارقىدىنلا " خانىم –قىزلار جەمئىيتى"نىڭ ناھىيە ۋە رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلاپ ، پۈتۈن ناھىيەلەردە تارماق جەمئىيەتلەر بارلىققا كەلدى. شۇ ئايدا يەنە بىر قىسىم ئايال زىيالىيلارنى تەشكىللىنىپ ، تەۋەيىمخان مرشانوۋانىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا " خانىم- قىزلار ئاۋازى" ناملىق ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ، يەنى 1947- يىلى ، 12- ئاينىڭ 23- كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك خانىم- قىزلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ رەسلىكىگە گېنېرال دەلىلقان سۇگۇرباييېفنىڭ ئانىسى نۇربلا خانىم[23] رەئسلىككە ، ئۇيغۇرلاردىن زىلەيخان خانىم ۋە زەينەپ ئابستاي مۇئاۋىن رەسلىككە سايلانغان ئىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك خانىم –قىزلار جەمئىيتىمۇ تارماق جەمئىيەتلەرنى قۇرغان بولۇپ ، بۇ ئاساسلىقى ئالتاي تەۋەسىدىكى قازاق ئاياللىرى ئىچىدە پائالىيەت قىلغان ئىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك خانىم- قىزلار جەمئىيىتى غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركستان ئۈچ ۋىلايەت خانىم- قىزلار جەمئىيىتىنىڭ بىر تارماق ئورگىنى ھېسابلىناتتى.

1948- يىلى ، 8- ئاينىڭ 1- كۈنى غۇلجىدا پۈتۈن ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاينىڭ ، جۇملىدىن پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان " تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى" ناملىق ئاممىۋى –سىياسىي تەشكىلات قۇرۇلدى. پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قانۇنلۇق ۋە ئالىي ھوقۇقلۇق مەزكۇر تەشكىلات شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىلىرى ھېسابلىنىدىغان ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممە مەمۇرىي ، ھەربىي- سىياسىي ، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ، مەدەنىي- مائارىپ ، سەھىيە ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، مەزكۇر " ئىتتىپاق" تەشكىلاتى قارمىقىدا ئاياللار بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم ئەمەلىيەتتە ئازاد ئۈچ ۋىلايەت خانىم- قىزلار جەمئىيىتىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، مەزكۇر بۆلۈم نامىدا ۋە سىرتقا قارىتا " خانىم- قىزلار جەمئىيىتى" ۋىۋىسكىسىنى ئېسىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋەردى. بۇرۇنقى جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۆز سالاھىيىتىنى داۋاملىق بېجىردى. تەۋەيىمخان مرشانوۋا رەئىس بولدى ،ئۇنىڭدا بىر رەئىسى ، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس ۋە 12 ھەيئەت ئەزا بار ئىدى[24].

[22] تەۋەيىمخان مرشانوۋا( 1898-1968) .مىللىتى تاتار ، رۇسىيە تەۋەسىدىكى ياركەنتتە تۇغۇلغان.1930 -يىللاردا غۇلجىغا كەلگەن. 1950- يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزايى بولغان .1962- يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىپ ، تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

[23] نۇربلا خانىم ( 1894-1969). قازاق ، دەلىلقان سۇگۇرباييېفنىڭ ئانىسى.سايسۇمبە ناھىيەسىدىن. 1950- يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزايى بولغان.1969-يىلى ، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

[24] ماھىنۇر قاسىم."ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن". مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ ، 2011- يىلى ، 2- توم.1119- بەت

مەزكۇر تەشكىلات "ئىتتىپاق" مەركىزى كومىتېتى تەشكىلىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خانىم- قىزلار جەمئىيەتلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

بۇ جەمئىيەتنىڭ بۇ ۋاقىتلاردىكى تۈپ خىزمەتلىرى ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ھوقۇقى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي ئورنىنى قوغداش ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىش، خەلق ئىچىدە ئاياللار ھوقۇقىنى تەشۋىق قىلىش، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، بوزەك قىلىدىغان ۋە ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدىغان قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل قىلمىشلارنى چەكلەش شۇنىڭدەك خانىم- قىزلارنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشى، تۈرلۈك كەسىپلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامداش، ئائىلىسىنى قامداش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ۋە باشقا ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

**خانىم –قىزلار جەمئىيىتى "نويابىر ئىنقىلابى" كۈنى ۋە باشقىلاردا يىغىن ئۆتكۈزەتتى**

خانىم –قىزلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ھۆكۈمەت خادىملىرى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئاممىۋى جەمئىيەتلا ئەمەس بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىش باشقۇرۇش ئورگىنى ھېسابلىناتتى.

خانىم قىزلار جەمئىيتى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى قاتارىدا مىللىي ئىنقىلاب خاتىرە كۈنلىرى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تەبرىكلەش، ئاياللار خىزمەتچىلىرى، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان ئاياللارنى تەقدىرلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. 1948- يىلى، 11- ئاينىڭ 11- كۈنى خانىم –قىزلار جەمئىيتى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى.

غۇلجا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر داغدۇغىلىق ئاياللار يىغىنىغا غۇلجا شەھرىدىكى ھۇنەر مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى، ھۇنەر مەكتىپى ئانىلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، خانىم- قىزلار جەمئىيتى ھەيئەت رىياستى ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلىنىڭ ئايالى ۋە كونسۇلخانىنىڭ ئايال خادىملىرى ھەم باشقا ئاياللار ۋەكىللىرى قاتناشقان.

"يىغىن ئېچىلىش مۇراسىمى باشلىنىش ئالدىدا ئىنقىلابتا شېھىت بولغان ۋەتەن ئوغلانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە- قۇرئان ئوقۇلغان[25]" . شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قېتىملىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە پۈتۈن خانىم- قىزلار ، ئانىلار شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدا قۇربان بولغانلارنى ئەسلەپ ،ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمۇ- قۇرئان قىلىش بىلەن بىرگە مىللىي ئارمىيە سېپىدىكى ئۆز پەرزەنتلىرىنى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە چىڭ تۇرۇش ، ئىنقىلاب غەلىبە مېۋىسىنى قوغداش ،خەلققە سادىق بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە ئىلھاملاندۇرىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەيتتى.

1948- يىلى ، 11- نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقى- "نويابىر ئىنقىلابى"نىڭ تۆت يىللىقى مۇراسىمى بىر قەدەر داغدۇغىلىق ئۆتكەن بولۇپ ، خانىم- قىزلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كاملە خانىم مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى ھەققىدە مەخسۇس نۇتۇق سۆزلىگەن ، جەمئىيەت رەئىسى تەۋەيىمخانىم مىرشانوۋا خانىم- قىزلار جەمئىيىتىنىڭ بىر يىللىق خىزمەت دوكلاتى بەرگەن [26]. ئاخىرىدا تەقدىرلەش ئېلىپ بېرىلغان.

## ئاياللار خىزمىتىگە ئەخمەتجان قاسىمى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى

ئارقىدىن 1949- يىلى ،3- ئاينىڭ 8- كۈنى " 8- مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى" كۈنىدە " تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى" مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ ، ئاياللار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن " ئىتتىپاق" مەركىزى كومىتېتى خانىم- قىزلار تەشكىلات بۆلۈمى قۇرۇش ، تەۋەيىمخان مىرشانوۋا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بولۇش ، شەرقىي تۈركىستان خانىم- قىزلار جەمئىيىتىنى " ئىتتىپاق" تەركىبىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئارقىدىن ئەخمەتجان قاسىمى 21- مارت كۈنى مەخسۇس ئاياللار خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ ، ئاياللار خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىر قاتار قارارلارنى قوبۇل قىلدى ،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللار ھۈنەر مەكتىپىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ، يېڭى رەھبەرلىكى تەسىس قىلىندى. " خانىم- قىزلار ئاۋازى" ژۇرنىلىغا زىيالىي مەلىكە خانىم مەسئۇللۇققا تەيىنلەندى [27].

شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى "ئىتتىپاق" مەركىزى كومىتېتىنىڭ ۋە مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خانىم- قىزلار بۆلۈمىنىڭ بارلىق كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە ، ھەتتا ژۇرنال ئىشلىرىغا

[25]بۇ خەۋەر غۇلجىدا چىقىدىغان "ئالغا" گەزىتىنىڭ 1948-يىلى 23-نويابىر كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ خەۋەر ئۇچۇرى ماھنۇر قاسىمنىڭ " ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن" ماۋزۇلۇق كىتابىدىن ئېلىندى.شۇ كىتاب.2-توم.1128-بەت.

[26]شۇ كىتاب. 1128- بەت.

[27]شۇ كىتاب. 1129-بەت

ۋە باشقىلارغا ئۆزى بىۋاستە ئارىلاشتى ھەم رەھبەرلىك قىلدى. خانىم- قىزلار ئىشلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت مەبلەغلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە ئاجرىتىلدى ، ھەتتا خانىم- قىزلار ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھاكىم ، ياكى مەسئۇل كادىرلارنى تەنقىد قىلدى ھەتتا چارە كۆرۈلدى.

ئەلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى مىللىي ئىنقىلابى ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار خىزمىتى ساھەسىدە ئىشلەپ ئېرىشكەن كۆرۈنەرلىك خىزمەت نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ئاياللار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىغىنا 5 يىل ئىچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئېشىپ قالغان ئېغىر دەرىجىدىكى ساۋاتسىزلىق ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، ئاياللارنىڭ مەلۇم نىسبەتتى ساۋاتىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى ئالغان قىزلارنىڭ نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. ئاياللار ئارىسىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىگە بولغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھۆكۈمەت ئىشچى- خىزمەتچىلىرى سۈپىتىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھەربىي- مەمۇرىي ، سودا- سانائەت ، بانكا ، مەدەنىيەت- مائارىپ ، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلدى.

**خانىم- قىزلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى يېڭىلىنىشى**

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ھەر ساھەدىكى رولىنىڭ ئېشىشى ۋە ئورنىنىڭ كۆچەيتىلىشى ھەم ھەر ساھە ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشى جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ، 1947- يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ، خانىم- قىزلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ، كىيىنىشى ، ياسىنىشى ، ئىجتىمائىي- مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ۋە باشقىلاردا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. غۇلجا ، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەر رۇسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىنىڭ مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كىيىم- كېچەكلىرى ، فوسۇنلىرى ئالدى بىلەن يېتىپ كېلەتتى. بۇ جايدىكى تاتار ، رۇس ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ۋە ياسىنىشىدا ئۆز مىللىي كىيىملىرىدىن باشقا ياۋروپا فوسۇنىدىكى كىيىملەرنى كىيىش ئەھۋالىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولدى. مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدا كىيىم- كېچەكلەر مەدەنىيىتىدىمۇ ئومۇملىشىش كۈچەيدى. ئۇيغۇر مىللىي كىيىملىرى بىلەن ياۋروپا فوسۇنىدىكى كىيىملەرنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى كۈچەيدى. خانىم –قىزلارنىڭ ئۆز مىللىي كىيىملەردىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە يەرلىكلەر تىككەن

تۇرلۇك كيىملەر ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسچە بولۇپ ، بۇ كيىم تۇرلىرى بۇرۇندىنلا غۇلجا ۋە چۆچەكلەردە بار بولسىمۇ ، كېڭىيىش ئەھۋالى يۇقىرى بولمىغان ئىدى.

ئەر- ئاياللار ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ كيىم- كېچەكلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسيادا ئومۇملاشقان تۇرلۇك كيىملەر ، ئاياق كيىملىرى ۋە باشقىلار ئومۇملاشقان بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا كاستيوم ، بۇرۇلكا ، شلەپە ، بولشوپكا ، پەلتو ، گىمناستوركا ، توفلىي ، شىبلىت ، باسانوژكا ، باتىنكا ، گالستۇك ،كوفتا ، يوفكا ۋە باشقا كۆپلىگەن كيىملەر كىرىپ ئومۇملاشتى.

بۇلار 1930- 1940- يىللاردا ئۇيغۇر ھاياتىغا كىرگەن بولسىمۇ ، ئەمما تېخى كەڭ ئومۇملاشمىغان ئىدى.

1946- 1950- يىللاردىكى غۇلجا ، چۆچەك كىشىلىرىنىڭ كيىنىش ۋە ياسىنىشىدا ئومۇملىشىش دولقۇنى بولغان بولۇپ ، شەرقىي تۇركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى خەلق تۇرمۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش بىلەن بىرگە ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى ، كۈندىلىك تۇرمۇشى ، كيىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردىن ئۇستۈن بولۇشى ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. 1947- 1949- يىللىرى ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە غۇلجىدا ئەر- ئايال خىزمەتچىلەر ئارىسىدا يېڭى فوسۇنلار بويىچە كيىنىش ، ياسىنىش كۈچەيگەن بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئۆز خىزمەتچىلىرىنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ، تۇرمۇشى ۋە مائاشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى[28].

بۇ ۋاقىتتا مىللەتلەرنىڭ كيىم- كېچەك ۋە يۇرۇش- تۇرۇش ، ئۆي بېزەش ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىدا بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ، ئاياللارنىڭ كيىنىش ، ياسىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاشقان ئىدى.

[28]"ئىنقىلابى شەرقىي تۇركىستان" گېزىتىنىڭ 1947-1949-يىللىرىدىكى مۇخبىرى مۇنىر يېرزىن بىلەن سۆھبەت. مۇنىر يېرزىن 1927-يىلى ئالتايدا تۇغۇلغان ، ئۇ 1950-يىللاردا قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇيغۇر تارىخى ساھەسىدە تەتقىقات قىلغان.



مىللىي ئارمىيە ئايال جەڭچىسىنىڭ كىيىمى( سۈرەت-كىنودىن )

1945- 1950- يىللىرى ئارىسىدا غۇلجا ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا تارتىلغان شەرقىي تۈركىستان  ھۆكۈمىتىنىڭ ئاياللار جەمئىيىتى ، بانكا ، بوغالتىرلىق ، ھۈنەر- سەنئەت مەكتىپى ۋە باشقا ئورگانلىرىدىكى ئايال خىزمەتچى خادىملار ۋە شەخسلەرنىڭ ئائىلە سۈرەتلىرىدىن قارىغاندا ، بۇ مەزگىلدە ئەر- ئاياللارنىڭ،ياشلارنىڭ  كىيىم — كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ ،  ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش ھالەتكە يەتكەن ئىدى.

ھەتتا بانكا ، باجخانا ، پوچتخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئۆلچەملىك كىيىملەر كىيىلگەن بولۇپ ،ھەممە كىشىنىڭ كىيىملىرى يارىشىملىق ۋە تەرتىپلىك بولغان.  ئاياللار ئاساسەن ئۈچىسىغا كاستيۇم ياقىلىق چاپان  ، كوفتا ۋە يوپكا يازكى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ،خىزمەتچىلەر ئاساسەن يالاڭۋاش بولغان ، ئىختىيارى قىلغانلار باش ياغلىقى ئارتقان.

تارىخىي شاھىتلارنىڭ  قەيت قىلىشىچە ، ئەلۋەتتە ، ئىنقىلاب دەۋرىدە دەسلەپتە ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش پىكرىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ ، بىراق  جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرەم ، دىنىي نازارەت نازىرى ئابدۇلمۇتەللى خەلپەت ، مۇئاۋىن نازىرلىرىدىن سابىت ئۆمەر داموللا ۋە باشقىلار بۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇشقا يول قويماي ، پەقەت ئىختىيارىلىقنى بەلگىلىگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى ، مارشال ئەلىخان تۆرە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا داموللا رازىنى پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ ۋە بارلىق پولك ، باتالىيونلارغا ئىماملارنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئاپال ئەسكەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي كىيىم شەكىللىرىگە يول قويغان ئىدى. ئەلىخان تۆرە ۋە كېيىنكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر دىن ، دىنى ئەخلاق ، مىللىي ئەخلاق ، سىياسەت ، مىللىي ئۆرپ- ئادەت ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە زامانى مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تەسىرلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە توغرا سىياسەت يۈرگۈزگەن ئىدى.

ئەلۋەتتە ، **1940**- يىللاردا ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتى ئۆزگىچە راۋاجلىنىشلار بار بولۇپ ، ئۈرۈمچى ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ، يۈرۈش- تۇرۇش ، ياسىنىش مەدەنىيىتى جەھەتتە ھەتتا "شىنجاڭدىكى" خىتاي ئاھالىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى **1945**- **1947**- يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت تۇرغان جاڭ جىجوڭنىڭ ئۆزىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلغان ئىدى[29]. ئۇ **1946**- يىلى ،**1**- ئاينىڭ **6**- كۈنى چوڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ **6**- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ **2**- ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ ، ئاخىرى "**11** ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى"نىڭ رەسمىي ھۆججىتىنى ئىمزالاشنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىدا خىتاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ جاڭ كەيشى باشلىق بارلىق ئالىي رەھبەرلىرى ئالدىدا :"مىللىي نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق ، بەزىلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى قالاق دېيىشىدۇ ،مەن كۆپچىلىككە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى ، شىنجاڭدا مەن ئۇچراتقان ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ھەرگىزمۇ باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا قالاق ئەمەس. شىنجاڭ خەلقى بەك يېقىملىق ئىكەن. بىز ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كۆرگەن ئەر- ئاپال قېرىنداشلىرىمىز نېمىدېگەن كېلىشكەن ، نېمىدېگەن گۈزەل ،ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسلامىيەت روھى ، ئۇلارنىڭ جاپاكەش- ئەمگەكچان ،ساغلام تېتىك مىللىي ئالاھىدىلىكى ئادەمنى نەقەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ- ھە ؟. راستىنى ئېيتسام ،بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خەنزۇلىرىمىزنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق ،ئىزا تارتىپ قالىمىز. ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى قارىتا ئوينىمايدۇ ، ئەپيۈن چەكمەيدۇ ، ھەر كۈنى يۇيۇنىدۇ. تازىلىقى ياخشى ،مۇشۇنداق ياخشى ئادەتلەردە خەنزۇلار ئۇلارغا يەتمەيدۇ. بۈگۈن بىز ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلاشسۇن دەيدىكەنمىز ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئاكا- ئۇكا ،ئاچا- سىڭىل قېرىنداشلىرىمىز دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار جۇڭگو مىللەتلىرىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر[30]" دېگەن.

---

[29] جاڭ جىجوڭ ، ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر ؛شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ؛ ئۈرۈمچى. 50-بەت

[30] جاڭجىجوڭ .شۇ ئەسەر .50-بەت

**ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئاياللارنىڭ تەركىبى**

 مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلاپ ، ئازاد قىلىنىپ ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىلىرى بولغان ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 700 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ، ئايال جىنس نىسبىتى پۈتۈن جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى.

مىللەت تەركىبى نۇقتىسىدىن ئالغاندا 13 مىللەت بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇر ، قازاق ، ئۆزبېك ، تاتار ، قىرغىز ، تۇڭگان قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن باشقا موڭغۇل ، شىبە ،رۇس ، داغۇر ، خىتاي ، مانجۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئاساسىي مىللەت ئىدى.

دىنىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 80% ئارتۇقراقى مۇسۇلمانلار ئىدى. لېكىن ، ئۇلكە ، يەنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئۇيغۇرلار نوپۇس جەھەتتە 80% كە يېقىنراق بولۇپ ، قالغانلارنى باشقا 12 مىللەت تەشكىل قىلاتتى. يەنى خىتايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىناتتى. لېكى ، ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئىچىدە تارباغاتاي ۋە ئالتايدا قازاقلار نوپۇسى زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن شەھەر ۋە يېزىلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئاھالە دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، سودا ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. قازاقلار بولسا چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشايتتى.

بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات قۇرۇلمىسى ھەر تۈرلۈك بولۇپ ، ئۆزلىرىگە خاس مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلامى دىنىي ئېتىقاد كۈچلۈك بولۇپ ، ئىسلامى ئېتىقادى ۋە ئەخلاق قارىشى بىلەن مىللىي ئەخلاق ۋە ئۆرپ- ئادەتلەر زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئاياللار ھوقۇقى ، ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇسۇلمان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قاراشلىرى ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى بار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئىلغار ، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە قاراشلىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم كونا ۋە مۇتەسسىپ قاراشلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئەھۋاللار كۆپىنچە يېزا- قىشلاق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىلتىز تارتقان ئىدى.

شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى تەرغىب قىلىسىمۇ ، لېكىن ھېچقاچان مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ، ئۇلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشىنى

راۋاجلاندۇرۇش ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىششى قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك ئىش قىلمىدى. ئومۇمەن ، مۇسۇلمانلارلا ئەمەس ، بەلكى خىتاي ئەمەس مىللەتلەر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورنى تۆۋەن بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللار شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دەۋرىدە تېز ئۆزگىرىشكە باشلىدى ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولغان ئازاد ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ تەركىبىدىن قارىغاندا ، سابىق چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلى ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېلىپ ، ياكى ئۆز ئىختىيارى تاللىشى بىلەن كېلىپ تۇرۇپ قالغانلارمۇ بار بولۇپ ، بۇلار رۇسلار ، تاتارلار ، ئۇيغۇرلار ، ئۆزبېكلەرنى تەشكىل قىلاتتى. بۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ ، مەزكۇر كۆچمەنلەر ئارىسىدا رۇس ، تاتار خانىم- قىزلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. بۇ ئاھالىلەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ ، مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ يەرلىك خەلققە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى بولدى. بولۇپمۇ ئاياللار ھوقۇقى ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ، ئۆزىنى تۇتۇشى ، كىيىنىشى ۋە ياسىنىشى قاتارلىقلار ھەققىدىكى كۆز قاراش ۋە ئەمەلىيەتلىرى يەرلىك ئاھالىلەرگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ، ھوقۇقى ، جەمئىيەت ، ھۆكۈمەت ، ھەتتا ھەربىي ساھەلەرگە ۋە مەدەنىيەت –مائارىپ ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى جەريانىدا مانا شۇ رۇس ، تاتار قاتارلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ باشقىلارغا ئۈلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشىمۇ گەۋدىلىك بولغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئاياللار ھوقۇقىنىڭ ئالاھىدە تەرغىب قىلىنىپ ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تېگىشلىك ئۈلگە بولغان يەنە بىر تاشقى ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاياللار سىياسىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت خانىم قىزلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن- تېخنىكا ، تەنتەربىيە ،سەھىيە ۋە باشقا ھەر ساھەلەردىكى يۇقىرى ئورنى ،ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ، بولۇپمۇ سوۋېت- گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئاياللىرىنىڭ ۋەتەننى فاشىستلاردىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىدە تەشۋىق قىلىنغان بولۇپ ، بۇ بىر ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە تەرغىب قىلىنغان ئىدى. ئوسمان زىيامىنىڭ 1946- يىلى ، 3- ئايدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە "شەرقىي تۈركىستان خوتۇن- قىزلىرى"نىڭ

قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى قاتارىدىكى مۇھىم بىر نۇقتا سوۋېت خوتۇن - قىزلىرىنى ئۈلگە قىلىشى تەكىتلەنگەن ئىدى[31].

سوۋېت ئاياللىرىنىڭ سوۋېت- گېرمان ئۇرۇشىدىكى كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى، ئاياللارنىڭ تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يۈكسەك ئورنىغا ئائىت سوۋېت تەشۋىقاتلىرى غۇلجا ، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە كۆندە قويۇلىدىغان سوۋېت فىلىملىرى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرىدىغان گېزىت- ژۇرناللار ،كىتابلار شۇنىڭدەك دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئارقىلىق جانلىق تۈردە يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئىدى.

بىراق، ئەڭ مۇھىم ئامىل ،يەنىلا ئىچكى ئامىل بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئومۇميۈزلۈك ئاتلىنىشى ھەم مۇنداق ئازادلىققا تەشنا بولۇشى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاياللار ئىشلىرى ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي ئامىل ئىدى. چۈنكى، مىللىي ئازادلىق، ھۆرلۈك ئىدىيىلىرى بىلەن ئاياللار ھۆرلۈكى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىنى ئىگىلىشىدىن ئىبارەت ئىدىيە بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئۆزى بىر يېتىشكەن ئىسلام ئالىمى، دىنىي زات، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىملىك ۋە كۆپنى كۆرگەن نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەرەققىيپەرۋەر زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇ رۇس، تاتار قاتارلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللىدى ۋە پۈتۈن ئەر- ئايال ھەممىسىنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىشى جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەت خانىم-قىزلىرىنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە ئەسكىرى خىزمەتلەرنى ئۆتۈشنى ھەمدە خانىم –قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۆلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلاردا تەشەببۇسكار بولغان ئىدى.

دىنىي ئۆلىما ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر قاتار ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ئەسكەر بولۇشى، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە قاتنىششى، ئەركىن ئازادە ياسىنىپ، ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئىجتىمائىي- سىياسىي، مەدەنىي- مائارىپ خىزمەتلىرىگە قاتنىششىنى خالىمايدىغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ پىكىرلەر ۋە شەخسلەرگە زەربە بەرگەن ئىدى. ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دىنىي تەبىقىدىكى ئۆلىمالار، ئىلغار پىكىرلىك جامائەت ئەربابلىرى دىنىي ئەخلاق بىلەن مىللىي ئەخلاق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىگە يېتىشتە ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق جىنىسنى ئايرىماي، بىر بايراق ۋە بىر

[31] ئوسمان زىيام ،شۇ ماقالە، "كۆرەش" ژۇرنىلى، 1946-يىلى، 2- 3-سان، 9-بەت.

نشان ئاستىدا ئورتاق كۆرەش قىلىش ، بۇ خىل ئورتاقلىق ۋە تەڭ- باراۋەرلىككە زىيانلىق ھەر قانداق ئىش- ھەرىكەتكە يول قويماسلىق چارىسى قوللانغان ئىدى. ئەگەر ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنە شۇنداق سىياسىتى ۋە چاقىرىقى بولمىغان بولسا ، غەيرىي دىنىدىكى موڭغۇللار ، شىبەلەر ، داغۇرلار ، رۇسلارنىڭ ئەر- ئاياللىرى ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەش سېپىگە ئاتلانمىغان بولار ئىدى. ئەگەر ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغدىمايدىغان ، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ،ئۇلارنى جەمئىيەتتىن خىلۋەت قالدۇرىدىغان تۈزۈم يولغا قويۇغان بولسا ، ئىلگىرىكى قالاق ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭدىن ئىبارەت خىتاي مىللەتچى –مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قالاق ۋە جاھالەتتە تۇتۇش سىياسىتىنى تەكرارلىغان بولار ئىدى ، قىسقىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ توغرا ئاياللار سىياسىتىنى يۈرگۈزمىگەن بولسا رىزۋانگۈلگە ئوخشاش يۈزلىگەن ئايال قەھرىمان قىزلار ، مىللىي ئارمىيىنىڭ يۈزلىگەن ئايال جەڭچى- ئوفىتسېرلىرى مەيدانغا كەلمىگەن بولار ئىدى.

مەيلى ئەلىخان تۆرە بولسۇن ۋە ياكى كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىك قىلغان مەزگىل بولسۇن ، ئومۇمەن بەش يىللىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولغان مىللىي ئىنقىلابى ھۆكۈمەت دەۋرىدە ئاياللار ئازادلىقى ، ئاياللار ھوقۇقى تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولغانىدى. بۇنداق كاپالەت ۋە نەتىجىلەرنى شوۋىنىستىك ۋە فېئوداللىق خاراكتېرىگە ئىگە خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھېچقاچان يارىتالمىغان ئىدى ، ئۆز دەۋرىدە ، يەنى ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئازاد ئۈچ ۋىلايەت ، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىنىڭ ھەر جەھەتتىن خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتلىرىدىكىدىن ئۈستۈن تۇرمۇش ھالىتى شەكىللەنگەن بولۇپ ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە بولسا ، پۈتۈن مىللەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئاياللار ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن سۆز ئېچىش رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. مانا شۇ ئىككى رايوندىكى ، يەنى ئازاد ئۈچ ۋىلايەت ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىكى خانىم- قىزلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى جەھەتلەردىكى پەرقى زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ ،يەتتە ۋىلايەتتىكى خىتاي گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتكە قارىتا كەمسىتىش ، ھاقارەتلەش ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى باستۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

1940- يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەرىكىتى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىستىقلالىيەت ، ئازادلىق ، ھوقۇق ۋە باراۋەرلىكى ئۈچۈن قوزغالغان ھەرىكەتتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغان نىشانى ئىچىدە ئەنە شۇ ئاياللارنىڭ ھۆرلۈكمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئالدىنقى سەپلەردە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ، چىش- تىرنىقىغىچە قوراللانغان ، ھەتتا بەزىلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ، كوممۇنىستلارغا قارشى

ئۇرۇشلاردا ھەربىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان گومىنداڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىگە قوغلاپ چىقارغان ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ھەر مىللەت جەڭچىلىرىنى ئەنە شۇلارنىڭ ئانىلىرى جەڭلەرگە ئۇزاتقان ئىدى. ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن 5 يىللىق جەريانىدىن قارىغاندا، ئىنقىلابىنىڭ ھەر ساھەدىكى غەلىبىلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە ئاياللار زور رول ئوينىدى، شۇڭا، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئوخشاشلا 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرى، ئەركىنلىكى ۋە گۈللىنىشى كۈرىشىدىكى زور غەلىبە دېيىشكە بولىدۇ.



Copy protected with Online-PDF-No-Copy.com